# ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم، مانا بۇ جازانىنىڭ دەل ئۆزى، مانا بۇ جازانىنىڭ دەل ئۆزى، ئۇنداق قىلمىغىن! لېكىن ئەگەر خورما سېتىۋالماقچى بولساڭ، سەن ئۆزۈڭنىڭ خورماڭنى ئايرىم سېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىغا خالىغان خورماڭنى سېتىۋالغىن

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بەرنىي دېگەن خورمىدىن ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: سەن بۇنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ دەپ سورىدى، بىلال: بىزنىڭ ناچار خورمىمىز بار ئىدى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىككى سانى بۇنىڭدىن بىر ساغا ئالماشتۇردۇم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم، مانا بۇ جازانىنىڭ دەل ئۆزى، مانا بۇ جازانىنىڭ دەل ئۆزى، ئۇنداق قىلمىغىن! لېكىن ئەگەر خورما سېتىۋالماقچى بولساڭ، سەن ئۆزۈڭنىڭ خورماڭنى ئايرىم سېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىغا خالىغان خورماڭنى سېتىۋالغىن!

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بەرنى دېگەن ياخشى خورمىدىن ئېلىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئېرىشەلىگىنىدىن ھەيران قالدى ۋە سەن بۇنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟ دەپ سورىدى، بىلال: بىزنىڭ ناچار خورمىمىز بارئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىككى سانى مانىڭدىن بىر ساغا ئالماشتۇردۇم، دېدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كەلدى. ۋاي خۇدايىم، دەپ ئۇھ تارتىپ كەتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ نەزىرىدە گۇناھ-مەسىيەتتىن چوڭراق مۇسىبەت يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سېنىڭ بۇ ئىشىڭ جازانىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇنداق قىلمىغىن! لېكىن ئەگەر ناچار خورمىنى ياخشىسىغا تېگىشمەكچى بولساڭ ئاۋۋال ئۇنى ساتقىن! ئاندىن ئۇ پۇلىغا ئېسىلراق خورمىنى سېتىۋالغىن! مانا بۇ ھارامغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھالال يولدۇر. تەيسىرۇل ئەللام شەرھى ئۇمدەتۇل ئەھكام، (568- بەت)

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6033

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee